# شى جىنپىڭ گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى. بىز قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، گېرمانىيە كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشنى داۋاملىق كېڭەيتىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشنى خالايمىز. يېقىندا جۇڭگو - گېرمانىيە «تېز يول»ى رەسمىي قوزغىتىلدى، بۇ ئىككى دۆلەتتىكى ئېھتىياجى بار كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشكە، خەلقئارا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو - گېرمانىيە ھەمكارلىقى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي چېكىنىشتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - گېرمانىيە مۇقىم، ياخشى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ بىلەن سۆزلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ. بۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گېرمانىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتچى رەئىس دۆلىتى بولىدۇ. جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پائال تۈرتكە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى تەرىپلەيدۇ، گېرمانىيە تەرەپ ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنياۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، ئورتاق ھالدا ئېنىقسىز دۇنياغا ئېنىقلىقنى كۆپەيتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو - گېرمانىيە، جۇڭگو - ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور سىياسىي ئالاقە كۈنتەرتىپى كېڭەشلىۋاتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ گېرمانىيە تەرەپ، ياۋروپا تەرەپ بىلەن زىچ پىكىرلىشىش، ماسلىشىشنى ساقلاپ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگو - گېرمانىيە، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

مېركېل مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىككى يىغىندا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا چىقارغان يىرىك پىلانغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى قىلىش بىلەن بىللە، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، گېرمانىيە - جۇڭگو ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ. گېرمانىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان ۋاكسىنىنىڭ دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە مەھسۇلاتى قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىغانلىقىنى يۈكسەك تەرىپلەيدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، خەلقئارا ئىتتىپاقلىق ۋە كۆپ تەرەپچىللىكنى كۈچەيتىش پۈتۈن يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى داۋاملىق قوللاپ، خەلقئارا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن سۆزلىشىشنى ساقلاپ، كەڭ ساھە ۋە قارالمىلاردا ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. گېرمانىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، گېرمانىيە - جۇڭگو، ياۋروپا - جۇڭگونىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىنى ئالغا سىلجىتىپ، گېرمانىيە - جۇڭگو، ياۋروپا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ سەھىيە - ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى پۇختا قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، A تىپلىق H1N1 تارقىلىشچان زۇكىمى، H7N9، ئېبولا قاناش قىزىتمىسى قاتارلىق تاسادىپىي يۈزبەرگەن يۇقۇملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇردى، ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «ساغلاملىق ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي شەرتى، مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە دۆلەتنىڭ باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى.» «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىدە، سەھىيە - ساغلاملىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش باشتىن - ئاخىر ئۇلۇغ ئورۇندا تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسى بىلەن زىچ جىپسىلىشىپ، مۇھىم تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ كۈرىشىنى ئەسلەپ، چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «خەلقنى ئەلا بىلىپ، ھاياتلىقنى ئەلا بىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغداشتا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتمايمىز.» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان دۆلىتىمىز يولۇققان تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان ئېغىر، زور تاسادىپىي يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كەسكىن تەدبىر بەلگىلەپ، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇردى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ ئۈزۈل - كېسىل بولغان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن سىياسىي ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئەكس ئەتتۈردى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى.

«ئومۇمىي خەلقنىڭ ساغلاملىقى بولمىسا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ.» شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئاممىسى ھاياتلىق سۈپىتى ۋە ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، ساغلاملىق ئېھتىياجىدا كۆپ خىللىشىش، پەرقلىق بولۇش ئالاھىدىلىكى كۆرۈلدى. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، خەلقنىڭ ساغلاملىقى، ھەم خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى، ھەم ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلە. ئېغىر، زور يۇقۇم ۋە تاسادىپىي يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىجتىمائىي، سىياسىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك. بۇ قېتىم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا دۆلىتىمىزنىڭ ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى، داۋالاش مۇلازىمەت سىستېمىسى مۇھىم رول ئوينىدى، لېكىن يەنە بىر قىسىم كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ ئاشكارىلاندى. بىز ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە توغرا قاراپ، ئىسلاھات سالمىقىنى زورايتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاش، سىستېمىلىق قايتا يارىتىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، يۇقۇمنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاۋاز قوشۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش - داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش قانۇن - نىزاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈزۈلمە مېخانىزمى قاتلىمىدىن مۇناسىۋەتنى كۈچەپ راۋانلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق، ساغلام خەلققە ئىگە بولۇش تېخىمۇ قۇدرەتلىك ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدا، باشتىن - ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىك، تولۇق دەۋرىيلىك كاپالەتلىك قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرساق، بىز چوقۇم ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، بارلىق خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، «بىرلىككە كەلتۈرۈش» ۋە «راۋانلاشتۇرۇش» جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، خىزمەتنىڭ ئومۇمىي نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش؛ مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتكە سېلىپ، خىزمەت لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، پۈتۈن جەرياندا چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىي تۇتۇش؛ خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى يەنىمۇ پۇختىلاپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پۇختا، كۈچلۈك دېموكراتىك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىللىق نازارەت قىلىش خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، ئالاقىدار دوكلاتلارنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش ئاساسىدا، بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش، يەسلى مائارىپى، دەۋا مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدا ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراش ئېلىپ بارىدۇ. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سوئال سوراش باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قاراتمىلىق قانات يايدۇرۇپ، قىممىتى بار پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تولۇق قاراپ چىقىش، مۇزاكىرە قىلىش ئاساسىدا، سوئال سوراش باش تېمىسىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈش، قاراتمىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك قاراپ چىقىش پىكرى چىقىرىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەتقىق قىلىپ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ، ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت مۇھىم نۇقتىلىرى ۋە نازارەت قىلىش خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، «قانۇن بويىچە تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا كۈچ قوشۇش» باش تېما قىلىنغان 2020 - يىللىق تيانشان مۇھىت ئاسراش سەپىرى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرىدۇ. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئىچكى گۇمپىنى ياخشى مەشىق قىلىپ، دىققەتنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«پارتىيە ئەزاسى، تېببىي خىزمەتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە، خىزمەتداشلىرىم بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزدۇق، داۋالىدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن، سەپداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، داۋاملىق ئىش ئورنىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن بۇ مەيدان جەڭدە غەلىبە قىلىمىز».

## كۈچلۈك ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىمىز

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلىرىمىزگە يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.» ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىر ۋىراچ جاڭ لىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەۋقەنى تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىشقا قويۇپ، تېزدىن تۈزۈلمە مېخانىزمنى راۋانلاشتۇرۇپ، فۇنكسىيەلىك ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، دەسلەپكى مەزگىلدە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇستەھكەم ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى توسۇقى بەرپا قىلىمىز.

«پەن - تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىشىدىكى ئۆتكۈر قورال، ئىنسانلارنىڭ چوڭ ئاپەت، چوڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ.» باش شۇجىنىڭ بۇ سۆزى شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا ئېغىر كېسەللەر تېببىي مەركىزى 1 - بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى يۈ جاۋشيانى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى ھەسسىلەپ ھېس قىلدۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن مەۋقەنى ئۆز خىزمەت ئورنۇمغا قويۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي تەتقىقات ساھەسىدىكى پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ قوللىنىشنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنى نەپكە ئېرىشتۈرىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى جاڭ يۇشياڭ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆزىدە دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. بىز «تۆت ئەڭ قاتتىق» تەدبىرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەم دورا بىخەتەرلىكىنى قوغدىغۇچىلاردىن، ھەم دورا كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغۇچىلاردىن بولۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دورا ئىشلىتىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

## بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى پۇختىلايمىز

فۇكاڭ شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر دۇڭ جۈنخۇا مۇنداق دېدى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن شەھەر - يېزا مەھەللىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار ۋە مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركەزلىرىنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاساسىنى پۇختىلايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقلىرىنىڭ تۆۋەنگە چۆكۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنى ئىشىك ئالدىدىلا قولايلىق داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) غەربىي ۋوگزال تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شيۈلى مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دەي لىيجيا مۇنداق دېدى: بىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، داۋاملىق تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەھەللىنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاھالىلەرگە، ئاممىغا ياخشى تازىلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيمىز.

«بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىزگە بىر مەيدان ئاممىۋى ساغلاملىق تەربىيە دەرسى ئۆتتى.» ئارا تۈرۈك ناھىيەسىنىڭ نوم بازىرى ئاھالىسى توختىنىياز ئىمىن مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىككە ئوخشاش، مەنمۇ ماسكا تاقاش، قولنى پات - پات يۇيۇش، ئاممىۋى قوشۇق، ئاممىۋى چوكا ئىشلىتىش قاتارلىق مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالدىم. بىز ھەممىمىز مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئادىتىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ ھەم ئۇنى كېڭەيتىپ، ساغلاملىقىمىزنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىسى بولۇشىمىز كېرەك».

**(مۇخبىر يۈەن لىي، قاتناشقان مۇخبىرلار چاۋ جىن، شى شىن، فۇ شياڭلۇڭ، سۇ لۇپىڭ، شېي خۇيبىيەن، رېن خۇا)**